# 4044 - كاپىر سوتچىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ياكى بىلمىسىز بولسىمۇ دانا ئىمامغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش

## سوئال

بىز غەرىپتە بىر شەھەردە تۇرىمىز ، بۇ يەردە بىز ھۆكۈم قىلدۇرىدىغانغا ياكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلدىغانغا بىرە ئىسلامى سوت مەھكىمىسى ياكى ئىسلام مەركىزى تاپالمايمىز .بىزدە بىر ئىسلام دەۋەت مەركىزى بار ، لىكىن ئۇنىڭدا رەئىس ياكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىپ بىرىدىغانغا بىرەسى يوق .بىر ئايالنىڭ كاپىر سوتچى(قازى) ئالدىدا باللىرىنى بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە قوشۇلۇشى ئىجرا قىلىنىش لازىم ھىساپلىنامدۇ ؟ كاپىر سوتچىنىڭ ئەگەر باللار ئاپىسىنىڭ قېشىدا بولسا دادا باللىرىنىڭ خىراجىتىنى قىلىدۇ دىگەن ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىشى لازىم ھىساپلىنامدۇ ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .
بىز بۇ سوئالنى پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين (ئاللاھ ئۇكىشىگە رەھىم قىلسۇن ) گە سۇنغانىدۇق ، ئۇ تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى :
بىرىنچى -ئاللاھ سىزنى بەخىتلىك قىلسۇن – ئەگەر دەۋەت مەركىزى بۇ مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىپ قويۇشقا قوشۇلسا ، بۇنىڭدا چاتاق يوق . بۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ، چۈنكى بىز مەسىلىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىغا سۇنۇشىمىز كىرەك .
بىراق بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش مەسىلىسىگە كەلسەك ، ئەگەر ئانا بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسە ، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئەگەر ئۇ بۇنى ئىقرار قىلسا ، مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك بولۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ .
باللارنىڭ خىراجىتىنى قىلىشقا كەلسەك ، ئەگەر ئۇلار ئانا بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەندىن كىيىن دادىلىرىنىڭ قېشىغا بارسا ، ئۇ ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك .
سوئال :
ئەگەر كاپىر سوتچى باللار ئانىلىرىنىڭ قېشىدا تۇرغاندىمۇ دادا ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك دەپ ھۆكۈم قىلسا ، بۇ ئىجرا قىلىنامدۇ ؟
جاۋاپ :
سوتچى دادا ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك دەپ ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىردىمۇ ، بۇ شەرئەت بويىچە ئۇنىڭ مەسئۇلىيتى .
سوئال :

مىقدارىچۇ ؟

جاۋاپ :

مىقدارى ئۇرۇف(يەرلىك ئادەت) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

سوئال :

شۇڭا ئەگەر كاپىر سوتچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مىقدار يەرلىك ئادەتكە ئاساسەن بولسا ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى كىرەكمۇ؟

جاۋاپ :

ئۇنى ئىجرا قىلىشى كىرەك ، لىكىن ئۇ سوتچىنىڭ ھۆكۈمى بولماستىن بەلكى يەرلىك ئادەت .

سوئال :

ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن بىر مۇسۇلمانغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا قوشۇلسا ، ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنامدۇ ؟
غەرىپتە ئىماملار دىيانەتسىز كىلىدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرسا بولامدۇ ؟

جاۋاپ :

ئەگەر ھۆكۈم قىلدۇرىدىغانغا باشقا ئادەم بولمىسا ، ئاندىن بولىدۇ . بىراق فىقھشۇناسلار ئۇنىڭ قازىلىق قىلىشقا مۇناسىپ بولۇشىنى يەنى، شەرىئەتتىن بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى شەرت قىلغان . بىراق ئۇنىڭدىن باشقا بىرى بولمىسا ، ئۇلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھتىن قورقسۇن .

سوئال :

ئەگەر بۇ يەردە ھۆكۈم قىلىشنى بىلىدىغان پەقەت ئادەم بولمىسا ، بىراق بىر دانا مۇسۇلمان ئەر بولسىچۇ ؟

جاۋاپ :

ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشنى سورىسا ، بۇ بولىدۇ .

سوئال :

بىراق بىز بۇ پەقەت ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن دىسەك ، ئۇنىڭ سۆزى ئىجرا قىلىنىشى لازىم ئەمەس ، شۇنداقمۇ ؟

جاۋاپ :

ياق ، لىكىن ئۇ ھۆكۈم چىقارسا ھەمدە ئۇلار ئۇنىڭغا قوشۇلسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئىجرا قىلىنىشى كىرەك . ئىككى تەرەپ قوشۇلغان ھەرقانداق ئەپلەشتۈرۈش ئىجرا قىلىنىدۇ ، چۈنكى ھەدىستە : **« ياراشتۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا دۇرۇستۇر »** دىيىلگەن . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .